# ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، يېپيېڭى سەھىپە پۈتىمىز

—— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئىچكى موڭغۇل ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قاراپ چىقىشىغا قاتناشقاندا قىلغان مۇھىم سۆزى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ۋەكىللەر، ئەزالار ۋە كادىرلار، ئامما ئارىسىدا قىزغىن ئىنكاس قوزغىدى

□ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى

«يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى تولۇق، دەل جايىدا، ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش» «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى چوڭ ۋەزىيىتىنى مۇستەھكەملەش، راۋاجلاندۇرۇش» «پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى ياخشى تۇتۇش»... 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنى ئىچكى موڭغۇل ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قاراپ چىقىشىغا قاتناشقاندا قىلغان مۇھىم سۆزى ئاپتونوم رايونىمىزدىن مەملىكەتلىك ئىككى يىغىنغا قاتنىشىۋاتقان ۋەكىللەر، ئەزالار ھەم پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى ئىنتايىن روھلاندۇردى. كۆپچىلىك مۇنداق بىلدۈردى: باش شۇجىنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى يېتەكچى قىلىپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى تولۇق، دەل جايىدا، ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، پارتىيەنىڭ 100 يىللىق تارىخىدىن ئەقىل - پاراسەت ۋە كۈچ ئېلىپ، بىر نىيەتتە كۈچ چىقىرىپ، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىدە شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى، ئىلگىرىلىشىنىڭ يېپيېڭى سەھىپىسىنى پۈتىمىز.

## يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى تولۇق، دەل جايىدا، ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرىمىز

«باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسى بىر پۈتۈن گەۋدە، ئۇنى جەزمەن تولۇق، دەل جايىدا، ئومۇميۈزلۈك چۈشىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك. كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنى چىڭ كۆزلەپ، يېڭىلىق يارىتىش زەنجىرىنى ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، پەن - تېخنىكىنىڭ تىرەكلىك ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۈستۈرۈش كېرەك، دەپ تەكىتلىدى. بۇ، كارخانىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا ئېنىق يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى، ئىشەنچىمىزنى چىڭىتتى!» دېدى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى، ئالاھىدە ترانسفورموتور پاي چەكلىك شىركىتى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، باش مۇدىر جاڭ شىن ھاياجانلانغان ھالدا.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئالاھىدە ترانسفورموتور سانائىتى پاي چەكلىك شىركىتى ئېلېكتر جابدۇقلىرىنى ئەقلىي ئىقتىدارلاشتۇرۇش ۋە ئېلېكتر ئېنېرگىيەسىنى ئەقلىي ئىقتىدارلىق يۆرۈشتۈرۈش، ئاسراش ساھەسىدە يېڭىلىق يارىتىش، ئەمەلىي قوللىنىشقا كۈچ سەرپ قىلىپ، كۆپ تۈرلۈك پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. ۋەكىل جاڭ شىن مۇنداق بىلدۈردى: «14 - بەش يىل» مەزگىلىدە، ئالاھىدە ترانسفورموتور سانائىتى پاي چەكلىك شىركىتى يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىگە پائال سىڭىشىپ، ئېنېرگىيەنى ئاساس قىلغان «بىر يۇقىرى، ئىككى يېڭى» مۇھىم كەسىپلەرنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، سانائەت ئالاقە تورى قۇرۇلۇشىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدار ۋە 5G تېخنىكىسى بىلەن كەسىپلەرنىڭ چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، شىركەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك تىپ ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۈستۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

بىپايان قومۇشلۇق ئارىسىدا ياۋا ئۆردەكلەر ئويناقشىپ ئۈزۈپ يۈرەتتى، قىرغاقتىكى ئوت - چۆپلەر بىخلىنىشقا باشلىغانىدى... باھار كەلدى، جىمسار ناھىيەسىدىكى بېيتىڭ دۆلەت سۇلۇق يەر باغچىسىنىڭ ھاياتىي كۈچى دەسلەپكى قەدەمدە نامايان بولدى. «ياخشى ئېكولوگىيە يېشىل تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇشتىن كەلگەن. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ناھىيە 100 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىپ، سۇلۇق يەر مەنزىرە بايلىقى قاتارلىقلارنى قوغداش سالمىقىنى زورايتتى، سۇلۇق يەر باغچىسىنىڭ قىياپىتىدە ئىنتايىن زور ئۆزگىرىش بولدى.» جىمسار ناھىيەسى بېيتىڭ بازارلىق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى شۆ چاۋ مۇنداق دېدى: بىز باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق دېگەن ئىدىيەنى داۋاملىق ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، ئېكولوگىيەنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتىن ئىبارەت يېشىل تەرەققىيات يولىدا قەتئىي تەۋرەنمەي مېڭىپ، ئېكولوگىيە ئۈنۈمى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمدە قوش مول ھوسۇل ئېلىشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرىمىز.

كەڭ ۋە يورۇق يېڭى ئۆيلەرنى رەتلەش، چىلان دەرەخلىرىنىڭ شاخلىرىنى چاتاش، كۆپ تۈللەيدىغان قويىنىڭ يېتىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش... 3 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، چىرا ناھىيەسىنىڭ گۈلاخما بازىرى شياۋكاڭ يېڭى رايونى مىنخاڭ يېڭى كەنتىنىڭ باشقا جايدىن كۆچۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرۇش نۇقتىسىدا، نامراتلىقتىن قۇتۇلغان كەنت ئاھالىلىرى ناھايىتى ئالدىراش ئىدى. «بۇلتۇر، بىر قاتار دەل جايىدا يۆلەش تەدبىرلىرى ئارقىلىق، بىز نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نىشان - ۋەزىپىسىنى قەرەلىدە تاماملىدۇق. چىرا ناھىيەلىك داۋالاش كاپالىتى ئىدارىسىنىڭ شياۋكاڭ يېڭى رايونىدا تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1 - شۇجى يۈلتۇز مۇختەر ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالپاقنى ئېلىۋېتىش ئاخىرقى نۇقتا ئەمەس، بەلكى يېڭى تۇرمۇش، يېڭى كۈرەشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى. كەلگۈسىدە بىز تىرىشىپ قويچىلىق كەسپىنى زورايتىپ ۋە كۈچەيتىپ، دېھقانلارنىڭ كۆچۈپ چىقالايدىغان، مۇقىم تۇرالايدىغان، بېيىيالايدىغان بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرىمىز».

## جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى پۇختا تۇرغۇزىمىز

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىش، ئورتاق تەرەققىي قىلىپ گۈللىنىشنى چۆرىدەپ، خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالمايدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلاردىن ئايرىلالمايدۇ، ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ ئۆزئارا بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ دېگەننى ئەستە چىڭ ساقلاپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە خىزمەتلەرنى ئىنچىكە ئىشلەش، پۇختا ئىشلەش كېرەك.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى يوۋ لياڭيىڭ مۇنداق قارىدى: مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى كىچىك ئىشلاردا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. «ماڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش دېگەنلىك ھەر مىللەت يۇرتداشلارنى بېيىش يولىغا يېتەكلەش دېگەنلىكتۇر».

ۋەكىل يوۋ لياڭيىڭ ئارال شەھەرلىك ۋەنئۇڭ باغۋەنچىلىك دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق بىرلەشمە كوپېراتىپى قۇرغان بولۇپ، نۆۋەتتە ھەمكارلىق بىرلەشمە كوپېراتىپىغا 300دىن ئارتۇق كىشى ئەزا بولدى، تېرىقچىلىق كۆلىمى 15 مىڭ مودىن ئاشتى. «مەن چىلان ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنى تېخىمۇ كۆپ كىشىگە ئۆگىتىپ، ھەربىر تال چىلاننى ‹ئىتتىپاقلىق چىلىنى›غا ئايلاندۇرىمەن. يەنە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھېكايىسىنى ياخشى سۆزلەپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۇرۇقىنى ماكىپقا ئوخشاش تىياننىشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا چېچىپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى ھەربىر كىشىنىڭ قەلبىدە يىلتىز تارتقۇزىمەن» دېدى ئۇ.

بۈگۈنكى كۈندە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سەممىي غەمخورلۇقىدا، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەسىدىكى نامرات نوپۇسنىڭ ھەممىسى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، تۈرلۈك ئىشلار كۈنسېرى يۈكسەلدى. ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى يەن يى مۇنداق دېدى: «باش شۇجى: مەدەنىيەتتىكى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىق قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش بولۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ يىلتىزى، مىللەتلەر ئىناقلىقىنىڭ روھى، دەپ كۆرسەتتى. بىز جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى پۇختا تۇرغۇزۇشنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەيمىز. شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش قۇرۇلۇشىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىش ئارقىلىق، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ‹بەشنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش›نى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، تېخىمۇ چوڭقۇر، ئۇزاق داۋاملىشىدىغان ۋەتەننى سۆيۈش، شىنجاڭنى سۆيۈش ھېسسىياتى، ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش كۈچىنى ئۇرغۇتۇپ، ئورتاق تەرەققىي قىلىش، ئورتاق گۈللىنىشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرىمىز».

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ شىنجاڭدىكى ئەزاسى يۈكسەك شىجائەت مۇنداق دېدى: ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمەتچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئەمەلىي ھەرىكىتىم ئارقىلىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بەختلىك تۇرمۇشى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى نامايان قىلىنغان تېخىمۇ كۆپ تەسىرلىك ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ، گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش، ۋەتەن ئارزۇسىنى بىرلىكتە ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ قۇدرەتلىك ئاكتىپ كۈچىنى مۇجەسسەملەيمەن».

## پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى پۇختا، ياخشى قانات يايدۇرىمىز

3 - ئاينىڭ 6 - كۈنى چۈشتە، بۇرۇلتوقاي ناھىيەلىك پارتىيە قۇرۇلۇشى كۇتۇپخانىسىدا كىتاب ئوقۇغىلى، كىتاب ئارىيەت ئالغىلى كەلگەنلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. بۇ كۇتۇپخانىنىڭ مەسئۇلى جانىيە جۇمابېك مۇنداق دېدى: «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانىنىڭ تارىخىي كېسىشىش ئاچقۇچلۇق تۈگۈن نۇقتىسىدا، پۈتۈن پارتىيەدە پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى مەركەزلىك قانات يايدۇرۇش دەل ۋاقتىدا بولدى، ئىنتايىن زۆرۈر، پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنى ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، كۈرەش قىلىش كۈچىگە ئىگە قىلدى.

«يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى توغرىسىدا ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرما قىلدى، بىز چوقۇم ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى كەم - كوتىسىز ياخشى تۇتۇشىمىز كېرەك.» بۇرۇلتوقاي ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى ياڭ شياۋدۇڭ مۇنداق دېدى: بىز پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش ماتېرىياللىرىنى توپلاش، تەشۋىق قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، پارتىيە تارىخى دەرسلىرىنى تۈرلۈك تەربىيەلەش كۇرسلىرىغا سىڭدۈرۈپ، «پارتىيە تارىخىنى كۆپچىلىك سۆزلەش»، قىزىل تەربىيە بازىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش، كىتاب ئوقۇش يىغىنى قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى كاللىغا، قەلبكە سىڭدۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنى تارىخنى ئۆگىنىپ داۋلىنى بىلىش، تارىخنى ئۆگىنىپ ئىشەنچنى ئاشۇرۇش، تارىخنى ئۆگىنىپ ئەخلاقنى ئۇلۇغلاش، تارىخنى ئۆگىنىپ ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا يېتەكلەيمىز.

«پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش، ئىدىيەنى ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىش قىلىش، يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى بىزنىڭ پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشىمىزغا ئېنىق يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى.» مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى نىياز ھاشىم مۇنداق دېدى: ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىش نەزەرىيەسىنى ئۆگىنىپ ئىگىلەپ، پۇختا ئۆزلەشتۈرۈپ، ئەمەلىي ئىشلەپ، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىشنى يېڭى جۇڭگو تارىخى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش تارىخى، سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى ئۆگىنىش بىلەن تۇتاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، سىياسىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، سىياسىي چۈشىنىش ئىقتىدارى، سىياسىي ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرىدۇ؛ تەشۋىق - تەربىيەنى كۈچەيتىپ، ئېتىقاد ئاساسىنى پۇختىلاپ، پارتىيەنى سۆيۈش، ۋەتەننى سۆيۈش، سوتسىيالىزمنى سۆيۈش غايەت زور قىزغىنلىقىنى يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىشنىڭ جانلىق ئەمەلىيىتىگە ئايلاندۇرىدۇ.

**(مۇخبىر جاڭ يەنفاڭ، قاتناشقان مۇخبىرلار خې خۇڭۋېي، لياڭ لىخۇا، پەردات ئابدۇل، لى ياڭ، خەن چىنيەن، ۋاڭ يۇجاۋ، جاڭ تىڭ، جاڭ جىلى، ئەختىيارىي مۇخبىر خىسلەت)**

(بېشى 1 - بەتتە)

خىزمەتلەر ئوبيېكتىپ، ئومۇميۈزلۈك خۇلاسىلىنىپتۇ، نىشان، ئۇلۇغۋار پىلان كىشىنى جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئۈندەيدۇ، ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش پىكىر يولى ئېنىق بوپتۇ. بىز سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق، دېگەن ئىدىيەدە چىڭ تۇرۇپ، «14 - بەش يىل»لىق ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش يىرىك پىلانىنى تۈزۈشنى تېزلىتىپ، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنى چوڭقۇر يولغا قويۇپ، تاغ، دەريا، ئورمان، ئېتىز، كۆل، ئوتلاقنى سىستېمىلىق تۈزەشنى كۈچەيتىپ، مۇھىم ئېكولوگىيە توسۇقى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىپ، دۆلەت باغچىسىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان تەبىئىي مۇھاپىزەت يېرى سىستېمىسى بەرپا قىلىپ، مۇھىت سۈپىتىنى سىجىل ياخشىلاپ، تەرەققىيات شەكلىنىڭ يېشىل تىپ ئۆزگەرتىشنى تېزلىتىپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت خەۋپ - خەتىرىنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئېلىپ ۋە ئۇنى تىزگىنلەپ، كاربون قويۇپ بېرىشنى چوققا قىممەتكە يەتكۈزۈش، كاربوننى نېيتراللاشتۇرۇشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا ياخشى ئىشلەپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى ياشاۋاتقان يۇرت - ماكانىنى تېخىمۇ كۆپ سۈزۈك سۇ، كۆك ئاسمانغا ئىگە قىلىمىز.

ۋەكىل نەيىم ياسىن مۇنداق دېدى: ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات ۋە پروگرامما لايىھەسىنى تامامەن قۇۋۋەتلەيمەن. دوكلاتتا نەتىجىلەر ئوبيېكتىپ خۇلاسىلىنىپ، ۋەزىيەت دەل جايىدا تەھلىل قىلىنىپ، خىزمەتلەر كۆڭۈل قويۇپ ئورۇنلاشتۇرۇلۇپتۇ، بۇ، ئىشەنچنى چىڭىتىشقا پايدىلىق، ئىرادىنى ساقلاشقا پايدىلىق، غەيرەتنى ئاشۇرۇشقا پايدىلىق. بىز شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى زىچ چۆرىدەپ، پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيى ۋە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 -، 3 -، 4 -، 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرساق، چوقۇم تۈرلۈك ئىشلاردا ئۈزلۈكسىز يېڭى ۋەزىيەت يارىتالايمىز. باشتىن - ئاخىر شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى بىلەن كاللىنى قوراللاندۇرۇش، ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىش، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشقا ئۆزىنى بېغىشلايدىغان، يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىي قىلىشتا جان تىكىپ ئىلگىرىلەيدىغان، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىدىغان چىدامچان كالا روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي باش شۇجى شى جىنپىڭ كۆرسەتكەن توغرا يۆنىلىشنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، جاسارەت بىلەن شىنجاڭ خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلىشىمىز كېرەك.

ۋەكىل پېڭ جيارۇي مۇنداق دېدى: ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات ۋە پروگرامما لايىھەسىنى تامامەن قۇۋۋەتلەيمەن. دوكلاتتا پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيى ۋە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 -، 3 -، 4 -، 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى باشتىن - ئاخىر سىڭدۈرۈلگەن بولۇپ، يادرونى قوغدايدىغان، ئىرادىنى نامايان قىلىدىغان، قەلبلەرنى مۇجەسسەملەيدىغان، ئۇلۇغۋار غايىنى تاۋلايدىغان ياخشى دوكلات بوپتۇ. شامالغا قارشى دولقۇن يېرىپ ئىلگىرىلەپ قولغا كەلتۈرۈلگەن ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى چوڭقۇر يەكۈنلەپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى سىياسىي ئاڭلىقلىقىمىز، سىياسىي ئىرادىمىز، سىياسىي مەسئۇلىيەتچانلىقىمىزنى يەنىمۇ كۈچەيتىشىمىز كېرەك؛ يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىنى دەل جايىدا ئىگىلەپ، كىرىزىس ئىچىدىن پۇرسەت ئىزدەپ، ئۆزگىرىش داۋامىدا يېڭىلىققا ئىنتىلىپ، يېڭى دەۋر، يېڭى مۇساپىدە ياخشى باشلىنىش بولۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك؛ يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى پائال بەرپا قىلىپ، قەتئىي تەۋرەنمەي بىڭتۇەننىڭ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشى، جەنۇبقا قاراپ تەرەققىي قىلىشقا تۈرتكە بولۇشىمىز كېرەك.

ۋەكىل غانىبات سابۇكەي مۇنداق دېدى: ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات ۋە پروگرامما لايىھەسىنى تامامەن قۇۋۋەتلەيمەن. دوكلاتتا شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇلغان، پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيى ۋە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 -، 3 -، 4 -، 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇلغان بولۇپ، بايراق كۆتۈرۈلگەن، يۆنىلىش ئېنىق بولغان، ئىسلاھ قىلىنغان، يېڭىلىق يارىتىلغان، راستچىل، ئەمەلىيەتچىل بولغان، قەلبلەرنى مۇجەسسەملەيدىغان ياخشى دوكلات بوپتۇ. بىز «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىگە ئېلىپ، جاپالىق ئىشلەپ، ئەمەلىي ئىشلەپ، بارلىق جاپا - مۇشەققەت، خەۋپ - خەتەر، توسالغۇلار ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، «14 - بەش يىل»دا ئىشنى ياخشى باشلاش، قەدەمنى ياخشى ئېلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك.

ۋەكىل جۇ خەيلۇن مۇنداق دېدى: ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات ۋە پروگرامما لايىھەسىنى تامامەن قۇۋۋەتلەيمەن. دوكلاتتا شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى باشتىن - ئاخىر سىڭدۈرۈلگەن بولۇپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇھىم، زور تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرى تولۇق نامايان قىلىنىپتۇ. «13 - بەش يىل» مەزگىلىدە، شىنجاڭ پۈتۈن مەملىكەتكە ئوخشاش، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدا كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتى سىجىل مۇقىم بولدى، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىدا يېڭى بۆسۈش بولدى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسى قەرەلىدە تاماملاندى، ھەر مىللەت خەلق خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال - خۇرام ئىشلەيدىغان بولدى، تىيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدىكى ئۆزگىرىشلەر كىشىنى خۇشال قىلىدۇ. «14 - بەش يىل»لىق ئۇلۇغۋار پىلان تۈزۈلدى، بىز يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، تېخىمۇ زور شانلىق نەتىجىلەرنى يارىتىشىمىز كېرەك.

ۋەكىل دىلشات قىدىرقان مۇنداق دېدى: ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات ۋە پروگرامما لايىھەسىدە پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ئۆتكەن بىر يىللىق خىزمەتلەر ۋە «13 - بەش يىل» مەزگىلىدىكى تەرەققىيات ئومۇميۈزلۈك، ئوبيېكتىپ خۇلاسىلىنىپتۇ، «14 - بەش يىل» مەزگىلىدىكى ئاساسلىق نىشان - ۋەزىپىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلۇپتۇ، بۇ يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى نۇقتىلىق خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلۇپتۇ، ئورۇنلاشتۇرما قىلىنىپتۇ، باش تېمىسى گەۋدىلىك، مەزمۇنى ئومۇميۈزلۈك بولغان، ھەقىقەت ئەمەلىيەتتىن ئىزدەلگەن، كىشىنى جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە ئۈندەيدىغان ياخشى دوكلات بوپتۇ، مەن تامامەن قۇۋۋەتلەيمەن. بىز يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، جەمئىيەت مۇقىملىقى، يۇقۇمنىڭ دائىملىق ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ھەقىقىي ياخشى تۇتۇپ، خەلق تۇرمۇشىغا زىچ يېقىنلىشىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، «14 - بەش يىل»نىڭ ياخشى باشلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرىمىز.

ياسىن سىدىق، ۋاڭ گاڭ، پەرھات روزى، قەيسەر ئابدۇكېرىم، مۇساجان نۇردۇن، دۆلەتمەن كەمەك ۋە قۇرماش سىرجان، جاڭ شىن، ئېرجان جۇۋانقان، ئادالەت ئەزىز، چېن لياڭ، گو شياۋخۇڭ، نىياز ھاشىم، پۇربە تۆگېجاپ، مەمەت جۇمە، مىن شياۋچىڭ، سۇن چۇنۋاڭ، مەتىمىن قادىر قاتارلىق ۋەكىللەر سۆزىدە ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات ۋە پروگرامما لايىھەسىنى تامامەن قۇۋۋەتلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ۋەكىللەر مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ئۆتكەن بىر يىل ئىنتايىن پەۋقۇلئاددە بولدى، كەسكىن، مۇرەككەپ ۋەزىيەت، ۋەزىپە، مىسلىسىز خەۋپ - خەتەر، خىرىس ئالدىدا، دۆلىتىمىز يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشىدە مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ ئومۇميۈزلۈك غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا تارىخىي خاراكتېرلىك ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى، بۇ پۈتۈنلەي باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يول باشلاپ رولچى بولغانلىقى، شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ ئىلمىي يېتەكچىلىكىنىڭ بولغانلىقى، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى بولغانلىقىدىن بولدى. بۇ نەتىجىلەر جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى رەھبەرلىكىنىڭ سىياسىي ئەۋزەللىكى ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى تولۇق نامايان قىلدى، جۇڭگو خەلقى ۋە جۇڭخۇا مەدەنىيىتىگە مۇجەسسەملەنگەن قۇدرەتلىك ئۇلۇغ كۈچنى تولۇق نامايان قىلدى. يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، ھەقىقىي تۈردە «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەۋقەنى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قويۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىپ، تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلىشىمىز كېرەك.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىدىن شى داگاڭ، زۇمرەت ئوبۇل، مۇقىيات جارمۇقامەت، ئابدۇرېقىپ تۆمۈرنىياز قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.